
# ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى:
# پۇتىن ئۇچىنچى قېتىم چېكىندى



تەكلىماكان تەشۋىقات مەركىزى

1444-04
2022-11



ئوختيركا
ۋوۋچانسك
خاركىۋ
چوخيو
نوۋا ۋودولاخا
زمىۋ
بالاكلىيا
كاراسنوخراد
ئىزيۇم
لوزوۋا
بارۋېنكوۋ
لىسىچانسك
رۇبژنىك
سيۋېرودونېتسك
بېلوكوراكىن
نوۋوپسكوۋ
ساۋاتوۋ
ستار
ئوبلىسك
لۇخەنسك
كاراماتورسك
دۇرۇژكوۋكا
باخموت
كوستانتىنوۋكا
پاۋلوخارد
سىنېلنىكوۋ
دزېرژىنسك
خورلىۋكا
ستاخانوف
ئەلچېۋسك
كراسنى
لوچ
مىرنوخراد
پوكروۋسك
يەناكىۋ
شاختارسك
رۋېنكي
دونتسك
خولىپول
ۋولنوۋاكا
پولوخي
زاپورجىيا
توكماك
ملىتوپول
بېردىيەنسك
خېنىچسك
نژنيگورسكي
روسىيە فېدېراتسىيىسى
روسىيە «ئۆزنىڭ» دەپ ئېلان قىلغان رايون
2014- يىل روسىيە بېسىۋالغان قىرىم / دونتسك
ئۇكرائىنا
ئۇكرائىنا ئارمىيىسى قايتۇرۇۋالغان رايون
روسىيە ئارمىيىسى قايتۇرۇۋالغان رايون


كيېۋ
بوريسپىل
خادياچ
پىرىئاتىن
ئوبوكخيۋ
پېرېئاسلىۋ-خامېلنىتسكي
لوبنى
مرخورد
كاخارلىك
كانيۋ
خورول
بوخۇسلاۋ
چېركاسي
خلوبىن
ژاشكىۋ
خورودىشيچ
سمىلا
چيخرين
كرېمېنچۇك
زېۋېنىخورودكا
شپولا
سۋېتلوۋولدسىك
كومسومولسك
ۋاتۇتېن
ئۇمان
زناميانكا
ئولېكساندرىئا
مالاۋىسكا
كروپيۋنىتسكي
نوۋوكراينكا
ژۋۆتي ۋودي
دولىنسكا
پېرۋومايسك
كرىۋىرىخ
نوۋىي بوخ
ئاپوستولوۋ
مارخانتس
ۋوزنېسېنسك
ميكولايىف
خېرسون
ئودېسا
ئارميانسك
قارا دېڭىز
قىرىم
يېۋپاتوريا

**21** ـ ئەسىردە، دۇنيادىكى ئەڭ تەجرىبىلىك ئىستراتېگىيىلىك رولچىلارنىڭ بىرى دەپ تەسۋىرلەنگەن، روسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ ئۇچىنچى قېتىم خېرسوندىن چېكىنىشكە قوشۇلۇشىنى ھېچكىم ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. روسىيە دەسلەپتە ئۇكرائىنانىڭ پايتەختى كىيېۋنى كونترول قىلالماي كۆچىنىڭ خورىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كىيېۋ شەھەر ئەتراپىدىن چېكىندى. بۇ چېكىنىش ئۇكرائىنانىڭ روسىيە ئارمىيىسىگە قاراتقان ھەربىي بېسىمى سەۋەبىدىن «مەجبۇرىي چېكىنىش» دەپ قارالدى.

روسىيە ئارمىيىسىنىڭ خاركوۋدىن چېكىنىشى ئىككىنچى قېتىم چېكىنىش بولدى. ئەمما بۇ ئىككى چېكىنىشنىڭ پەرقى بار. روسىيە ئارمىيىسى پايتەخت كىيېۋ ئەتراپىدا پارتىزانلىق ئۇسلۇبىدا جەڭ قىلىۋاتقان ئۇكرائىنا ئارمىيىسىگە قارشى ھۇجۇم ھالەتتە ئىدى. خاركوۋدىكى چېكىنىش جەريانىدا، ئۇكرائىنا ئارمىيىسى مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان روسىيە ئارمىيىسىگە «چاقماق ھۇجۇمى» قوزغىدى. ئىككىنچى قېتىملىق چېكىنىشتە، ئۇكرائىنا تەخمىنەن **8000** كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىننى يۈزلىگەن ھەربىي ماشىنىلار بىلەن قوشۇپ كونترول قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيادىكى ئارمىيەلەرنىڭ ئىچىدە ھەربىي كۈچى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان روسىيە ئارمىيىسى «ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش» ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا «جەڭ ئارمىيىسى» سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويدى.

روسىيەنىڭ دىنېپرو دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن چېكىنىش قارارى پرېزىدېنت پۇتىننىڭ ئۇكرائىنا زېمىنىدىكى ئەڭ مۇھىم سەپتە ئۈچىنچى قېتىم چېكىنىشى ھېساپلىنىدۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈن؟

## بىرىنچى، ئۇكرائىنا سەھنىسىدە:

ئەسلىدە، ھەربىي قوماندان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. قوماندان تەكلىپ بېرىدۇ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى قوشۇلىدۇ. غەلىتە يېرى شۇكى، پرېزىدېنت پۇتىن بۇنىداق قىلغىنى يوق. ھالبۇكى ، تاكتىكا مەسىلىسىگە قەدەر، ئۇرۇشنىڭ ھەممە يېرىگە ئارىلاشقان كىشى ئۇ ئىدى. ئۇ دەل مارىيۇپولدىكى جەڭ جەريانىدا دۆلەت

www.taklimakan.biz

مۇداپىئە مىنىستىرىغا ئۇكرائىنا ئەسكەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى ئازوۋستال پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنى قامال قىلىشقا بۇيرۇغان، شۇنداقلا روسىيە ئارمىيىسىنى لۇخانسك شەھىرىدىكى لىچىنسك رايونى قولدىن كەتكەندىن كېيىن تاكتىكىلىق توختىتىشقا بۇيرۇغان كىشى ھەم ئۇ ئىدى.

## ئىككىنچى، مەشغۇلات شارائىتى:

روسىيە ئارمىيىسى پۇتىنىنىڭ پرېزىدېنت پەرمانى بىلەن قوشۇۋالغان رايونىنىڭ بىرى دەپ قارالغان خېرسوندىن چېكىنىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇكرائىنا ئارمىيىسى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، **9** مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق يەرنى كونترول قىلدى. ئەگەر روسىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقى دەريانىڭ مۇداپىئە خاراكتېرلىك تەبىئىي توساقلىق رولىدىن پايدىلانغان بولسا، ئۇكرائىنا ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالالىغان بولار ئىدى. دەريا، پرېزىدېنت پۇتىنىنىڭ ئىككى چوڭ نىشانى بولغان مىكولايېۋ ۋە ئودېسسا شەھەرلىرىگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، پۈتۈن خېرسوننى كونترول قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇكرائىنا قىسىملىرىنىڭ خېرسون شەھىرىگە كىرىشى بىلەن، روسىيە ئارمىيىسى كونترول قىلغان رايونلار **HIMARS** باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. بۇ سەۋەبتىن، روسىيە مەيلى دۈشمەنگە قارشى نۇقتىلىرى ياكى قوماندانلىق قىلىش مەركەزلىرى ۋەياكى ئوق دورا ئىسكىلاتلىرى بولسۇن ئورۇنلاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، روسىيە ئارمىيىسى بارلىق كۈچ مەركەزلىرىنى دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە **HIMARS** باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىنىڭ **80** كىلومېتىرلىق زەربە دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك بولىدۇ.

بۇ چېكىنىش رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇرالمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇ رايونغا ئورۇنلاشقان روسىيە قىسىملىرى يەكلىنىپ قالغانلىقتىن، دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىغا چېكىنىپ، بارلىق كىرىش يوللىرىنى ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە

www.taklimakan.biz

# ئامېرىكا ئۇكرائىناغا روسىيە ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن HIMARS سىستېمىسى بەردى

مۆلچەرلىنىشىچە، ئامېرىكا ئۇكرائىناغا بېرىدىغان ئوتتۇرا مۇساپىلىك يېتەكچى راكېتا سىستېمىسى «HIMARS» روسىيە ئارمىيىسىگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە زەربە بېرىپ، ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئاستىلىتىدىكەن.









Lockheed Martin تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىرىلغان

M270 كۆپ سەبدانلىق راكېتا قويۇپ بېرىش سىستېمىسىنىڭ زامانىۋىلاشقان نۇسخىسى.

ئۇنىڭ 227 مىللىمېتىرلىق 6 دانە يېتەكچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن.





مۇساپىسى 80 كىلومېتىر

بۇ سىستېما تۇنجى قېتىم 2010- يىلى ئافغانىستاندا قوللىنىلغان بولۇپ، كېيىن ئىراقتا قوللىنىلغان.

ئامېرىكا بۇ سىستېمىنى 2017- يىلى سۇرىيىگە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرغان.

ئامېرىكا ئامبىرىدىكى «HIMARS»نىڭ بىرلىك باھاسى 5 مىليون 100 مىڭ دوللار ئەتراپىدا.

بۇ سىستېما ھازىر ئامېرىكىدىن باشقا، ئىئوردانىيە، سىنگاپور، ئەرەب بىرلەشمە ئەمىرلىكى ۋە رۇمىنىيەدە بار.

كەلتۈرۈش ئۈسۈلىنى تاللىدى. بۇ يەردىن چېكىنىش قارارى ئۇرۇشنىڭ ئىككى پرىنسىپى يەنى «ھەربىي بىخەتەرلىك» ۋە «كۈچىنى ساقلاش» جەھەتتىن، توغرا قارار دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ «چېكىنىش» نېمىلەرنى مەقسەت قىلغان؟ پرېزىدېنت پۇتىن «مەخپىي پىلان»نى يوشۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، كېيىنكى باسقۇچتا تۆۋەندىكى قەدەملەر تاشلىنىشى مۇمكىن:

* قىسىملارنى قايتا تەشكىللەش – سەپلەش ۋە يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەشنى تاماملاش.

* قىش پەسلىنىڭ ئۆتۈشىنى ساقلاش ۋە تۈگىگەن قورال زاپىسىنى يېڭىلاشقا ئۇرۇنۇش. بولمىسا، روسىيە بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ كاتىپى نىكولاي پاتروشېفنىڭ ئىرانىنى زىيارەت قىلىشى ھەمدە ئۇ يەردىكى ئەڭ يۇقىرى سىياسىي ۋە بىخەتەرلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشىشىدە يەنە نېمە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن؟

* بەزى مۇھىم نۇقتىلارنى بەلگىلەش.

## بۇ مۇھىم نۇقتىلار تۆۋەندىكىلەر بولۇشى مۇمكىن:

1 – ئۇكرائىنا ئارمىيىسىنىڭ شەرقتىكى سىۋاتوف ۋە كرېمېنا شەھەرلىرىنى قايتىدىن كونترول قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى بىروۋنىك لەشكىرى (دىۋىزىيىسى) نىڭ سىۋاتوف ۋە كرېمېنا شەھەرلىرىنى قوغداشى زۆرۈر.

2 – پرېزىدېنت پۇتىننىڭ ئاساسلىق نىشانى بولغان پۈتكۈل دونباس رايونىنى رۇسىيەنىڭ كونتروللۇقىغا – ئېلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، دونېتسكنىڭ باخمۇت رايونىنى ئىگىلەش، سلاۋيانسك ۋە كراماتېرسك شەھەرلىرى بۇ ھۇجۇمنىڭ كىرىش ئېغىزى بولالايدۇ.

3 – روسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ زاپورجىيا رايونىدىكى قورۇقلۇق لىنىيىسىنى، بولۇپمۇ رايوننىڭ ئەڭ مۇھىم شەھىرى مىلىتوپولنى كونترول قىلىشنى

www.taklimakan.biz

كۆچەيتىش، ئەگەر بۇ كونتروللۇق ئۆكرائىنا ئارمىيىسىگە ئۆتۈپ كەتسە، قىرىمنىڭ دونباس بىلەن روسىيەنى تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇقلۇق يولى خەتەر ئاستىدا قېلىشى مۇمكىن.

4 ـ قىش پەسلى ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ئىككى مۇھىم پۇرسەت ئاتا قىلالايدۇ.

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى: دىپلوماتىيە ئىشىكىنى ئېچىش. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئېھتىماللىق هازىرچە مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچى: ھەقىقىي چوڭ تەھدىت پەيدا قىلىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش پۇرسىتى.

* بۇ تەھلىلنى ئوتتۇرا شەرق (Şarku'l Avsat) گېزىتى ھەرەبچە ئانالىزچىسى قىلغان.

www.taklimakan.biz

تکلی‌ماکان
www.taklimakan.biz